## 2795 ـ مالدىكى زاكات بېرىشكە يېتىدىغان ئۆلچەم توغرىسىدا

### سۇئال

هازىر قوللىنىۋاتقان قەغەز پۇللاردىكى زاكاتنىڭ ئۆلچىمى قانداق بولىدۇ؟ بۇنى ئالتۇننىڭ قىممىتىگە كۆرە بېكىتىمىزمۇ ياكى كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە كۆرە بېكىتىمىزمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت–سالاملىرى بولسۇن.

زاكاتنىڭ مىقدارى دوللار ۋە باشقا قەغەز پۇللار شۇ پۇللارغا زاكات پەرز بولغان ۋاقىتتىكى يىگىرمە مىسقال ئالتۇن ياكى بىر يۈز قىرىق مىسقال كۈمۈشنىڭ قىممىتى بويىچە بېكىتىلىنىدۇ، بۇ ئىككى ئۆلچەمدىن قايسىسى يوقسۇللارغا پايدىلىق بولسا، زاكات شۇنىڭ بىلەن بېكىتىلىنىدۇ، شەھەر–رايونلاردا ئالتۇن بىلەن كۈمۈشنىڭ باھاسىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن بۇ ئىككىسىنىڭ باھاسىنىڭ ئوخشىمايدىغانلىقىغا قارايمىز، بۇنداق قىلىش كەمبەغەللەرگە پايدىلىق بولىدۇ. ["دائىمىي كومىتېت پەتىۋاسى" 9–توم 257–بەت].

هازىرقى دەۋرىدە بىر يۈز قىرىق مىسقال كۈمۈشنىڭ قىممىتى يىگىرمە مىسقال ئالتۇننىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن، شۇنىڭ ئۈچۈن بىر كىشىنىڭ پۇلىنىڭ قىممىتى بىر يۈز قىرىق مىسقال كۈمۈشنىڭ قىممىتىگە يەتسە زاكات بېرىشى كېرەك، بىر يۈز قىرىق مىسقال دېگەن 595 گىرامغا باراۋەر كېلىدۇ، ئىقتىساد ئىگىسى ھەر يىلى ئومۇمى ئىقتىسادىدىن يۈزدە 2.5% پىرسەندىن زاكات بېرىدۇ".

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر.